# ياغاچ ئات



@llimgha


بۇرۇنقى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولغانىكەن. ئۇلار بىر-بىرىنى مەنسىتمەي، دائىم بەسلىشىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى مۇشۇ توغرۇلۇق تالىشىپ قىزىرىشىپ قاپتۇ.
مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭكىدىن يامان.
ياق! مېنىڭ يامان!!!!
زادى كىمنىڭ ئارتۇق؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىسى بىركۈن تالاش تارتىش قىلىپ ئاخىر شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.
مەن تېخى سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ...
ئون كۈنىنىڭ ئىچىدە سىلەر ماڭا بىرەر ھۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار!
@llimgha




mardan·m
@Ilimgha



رۇخسەت قىلساڭ ، مەن بىر سىناپ باقسام!
Zhi-
پاھ !! راس ئۇچتىغۇ بۇ !!!؟
شاھزادە!!!
قايتىپ چۈشسىلە!!!
يىراققا كەتمىسىلە!!!!
mardan·m
ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ ، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشچىلىق تۈپەيلى ھېچ يەرگە بېرىپ باقمىغان شاھزادە شۇ ئۇچقىنىچە ناتونۇشلا بىر يۇرتقا كېلىپ قاپتۇ ، ھەممە كۆرۈپ باقمىسى كېلىپ يېقىنلاپ ئۇچۇپتۇ.


!!
ھەي ئاكىلا نېمىگە قارىشىپ تۇرىسىلەر؟
دىمەك سىز بۇ شەھەرگە يېڭى ئىكەنسىز ، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر مەلىكىسى بار ، پادىشاھ ئۇ قىزىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ ، شۇڭا پادىشاھ سېھىر بىلەن ئاسمانغا بىر ساراي سېلىپ بەرگەن ، پادىشاھ ھازىر شۇ مەلىكىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى ، بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ قايتىپ چۈشىشىنى ساقلاۋاتىمىز.
ئاسمانغا قانداقمۇ ساراي سالغىلى بولسۇن؟
پەرىشتىلەر ياساپ بەرگەنمىش ، ئۇ يەرگە پادىشاھتىن باشقا ھېچكىم چىقالمايدۇ.
mardan·m


قىزىم ، مىنى توغرا چۈشەنگىن ، سەن ھازىر مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ، سىنىڭ بىرەر خىيىم خەتەرگە ئۇچراپ قىلىشىڭنى خالىمايمەن.
ئانام تۇگەپ كەتكەندىن باشلاپ مىنى مۇشۇ يەرگە سولاپ قويدىلا ، ئانام بولسا ھەرگىز بۇنداق قىلمايتى.
مەلىكىگە ئوبدان قاراڭلا!!
بولىدۇ ئالىيلىرى!
ئەمسە مەن قايتتىم ، ياخشى ئارام ئال!
@llimgha


سىز زادى كىم؟؟؟ بۇ يەرنى
قانداق تاپتىڭىز؟؟
مەن سىزنىڭ بۇيەرگە سولانغىنىڭىزنى
ئاڭلاپ ، ئەگەر سىز خالىسىڭىز،
سىزگە سىرتقى دۇنيانى كۆرسىتىپ
كېلەي دەپ كەلدىم.
ئەگەر كۆزەتچىلەر كۆرۈپ
قېلىپ ئاتامغا ئېيتىپ قويسا
قانداق قىلىمەن؟؟
خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز
ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا
ئۇچۇپ كېتىمىز .
@llimgha


ئانام ماڭا بىر دانە مارجان قالدۇرۇپ كەتكەن ، سىرتقا چىققاندا چوقۇم ئېلىۋېلىشىمنى ، ئۇنىڭ مېنى خەتەردىن قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتقان ، مەن شۇ مارجاننى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
مەلىكە ، سىزگە نىمە بولدى؟
ئاپلا ، ئەمىسە قايتىپ بېرىپ ئېلىۋالايلى !
بولدى ، مەن ئۆزۈم باراي ، ئەگەر ئاتام كۆرۈپ قالسا سىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ!!!
ئەمىسە مۇنداق قىلايلى ، سىز ياغاچ ئاتنى مىنىپ سارايغا قايتىپ مارجاننى ئېلىپ كېلىڭ ، مەن مۇشۇ ئەتراپتا ساقلاپ تۇراي ، سىز كەلگەن يول بىلەن قايتىپ كېلىڭ...
mardan·m
@llimgha



mardan·m
@llimgha


پادىشاھ پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ خوشنا دۆلەتتىكى شاھزادىگە ، قىزىنى ئۆزىنىڭغا ياتلىق قىلغىسى بارلىقىنى ئېيتىپ خەت ئەۋەتىپتۇ.
خوشنا دۆلەتتىكى شاھزادە خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ ۋە شۇ كۈنىلا ئالتۇن - كۈمۈش ، مال دۇنيالارنى ئېسىپ يولغا چىقىپتۇ.
ئىككى كۈندىن كېيىن..
مەلىكىگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ-ھە؟ كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ، ھېچبىر خەۋەر يوق...
قورساقىمىز ئېچىپ كەتتى ، ياكى بولمىسا ئۆزۈم ئازراق مېڭىپ باقاي...
mardan.m
@llimgha


بۇ قانداق مېۋىدۇ؟ ، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلا مېۋىغۇ بۇ؟؟
ئاپلا!!؟؟؟؟
بۇ زادى قانداق بولغىنى؟؟؟؟

@llimgha



mardan-m
@ilimgha


ئاز قالدۇق ، شاھزادەم!
تېخىچە يېرىپ بولالمايمىزغۇ؟
بۇ ئىككىڭلار زادى يول بىلەمسەن ياقمۇ؟ مەن ھازىر ئۇسساپ ھەم ھېرىپ كەتتىم ، يەيدىغان نەرسىمىزمۇ ئاز قالدى ، زادى يەنە قانچىلىك ماڭىمىز؟؟؟
قارىسىلا شاھزادەم ، ئالدىمىزدا بىرسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ!!!
ھوي!! توختا!!!
مەنما؟ نېمىش بولدى؟؟
خالتاڭدىكى نېمە بۇ ؟ بەك يېپىشلىكتەك قىلىدىغۇ؟؟
.........
ۋوي بۇ قانداق مېۋە؟ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەنغۇ؟ ئەمسە تېتىپ قىلمىدىم!!


شاھزادەم ، سىلىنىڭ چىرايلىرى......
نىمە؟ ئىككىڭ نىمىشقا ماڭا بۇنداق غەلىتە قارايسەن؟؟؟
پاھ! تاتلىق مېۋىكەن، ھەممىسىنى ماڭا بەر !
ھە؟؟؟
ھوھوھو! بۇ چىرايىم بىلەن مەلىكىنى قانداق ئەمرىمگە ئالىمەن ؟؟ بۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ !!!
بېشىڭىزدا بىر جۈپ مۈڭگۈز ، يەنە ئۇزۇن ساقال ، قارىماققا ئۆچكىگىلا ئوخشاپ قالدىڭىز ، شاھزادەم .....
يىغلىمىسىلا شاھزادەم ، ئۆچكىمۇ خېلە چىرايلىق جانىۋارغۇ!!
بۇ پۇرسەتنىڭ قانداق تەستە كەلگىنىنى بىلەمسەن؟؟ بۇرۇن كۆرۈشكەن مەلىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مېنى ياراتمىغان ، ئەمدى كىممۇ بىر ئۆچكىگە ياتلىق بولۇشنى خالايدۇ؟؟؟!! ھوھوھو!!




mardan m
@llimgha


چىڭ ئولتۇرۇڭ ،
مەلىكەم!
ماقۇل!!!
شاھزادە مەلىكىگە يۈز بەرگەن قىززىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ بىر شاھزادە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى ئېلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچىنى نۇرغۇن مال دۇنيا بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەزىرلەرگە تاپشۇرۇپ ، ياغاچ ئات بىلەن تۆمۈر بېلىقنى ئېلىپ يېڭى تەۋەككۈلچىلىك ھېكايىسىنى باشلاپتۇ...
@llimgha